# مېيىتقا ئۈچ نەرسە ئەگىشىدۇ: ئۇنىڭ ئائىلە -تاۋابىئاتى، مېلى ۋە ئەمىلى، ئاندىن ئىككىسى قايتىپ كېتىدۇ ۋە بىرى قالىدۇ، ئەھلى ۋە مېلى قايتىپ كېلىدۇ، ئەمىلى قالىدۇ

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېيىتقا ئۈچ نەرسە ئەگىشىدۇ، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتى، مېلى ۋە ئەمىلى، ئاندىن ئىككىسى قايتىپ كېتىدۇ ۋە بىرى قالىدۇ، ئەھلى ۋە مېلى قايتىپ كېتىدۇ، ئەمىلى قالىدۇ»

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: ئىنسان ئۆلگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا ئۇزاتقۇچىلار ئەگىشىدۇ، ئەھلى ئەگىشىپ قەبرىستانغىچە ئۇزىتىپ بارىدۇ، مېلى ئەگىشىدۇ، يەنى قۇل-خىزمەتچىلىرى ئەگىشىدۇ، قىلغان ئەمەلى ئەگىشىدۇ، ئىككىسى قايتىپ كېتىدۇ، ئەمىلى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قالىدۇ. ئەگەر ياخشىلىق بولسا ئاقىۋىتى ياخشى بولىدۇ، يامانلىق بولسا ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee